شىنجاڭ گېزىتى

2019 ـ يىل 8 ـ ئاي
15
پەيشەنبە
维吾尔文 8月15日

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى 新疆日报网: www.xjdaily.com
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65−0002/−W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1−57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 24788 ـ سان بۈگۈن 4 بەت

مەركىزىي كومىتېت بەنگۇڭتىڭى، گوۋۇيۈەن بەنگۇڭتىڭى «پىكىر» بېسىپ تارقاتتى

يېڭى دەۋردە مەكتەپلەرنىڭ ئىدىيەۋى ـ سىياسىي نەزەرىيە دەرسى ئىسلاھاتىدا يېڭىلىق يارىتىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش كېرەك

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 8 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى تېلېگرامىسغا ئاساسلانغان يېقىندا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېت بەنگۇڭتىڭى، گوۋۇيۈەن بەنگۇڭتىڭى «يېڭى دەۋردە مەكتەپلەرنىڭ ئىدىيەۋى ـ سىياسىي نەزەرىيە دەرسى ئىسلاھاتىدا يېڭىلىق يارىتىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش توغرىسىدىكى بىرقانچە پىكىر»نى بېسىپ تارقاتتى ھەم ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلاردىن ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ، ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى.

«پىكىر»دە مۇنداق تەلەپ قىلىندى: يېڭى دەۋردە مەكتەپلەرنىڭ ئىدىيەۋى ـ سىياسىي نەزەرىيە دەرسى ئىسلاھاتىدا يېڭىلىق يارىتىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا، پارتىيەنىڭ مائارىپ فاڭجېنىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ماركسىزمنىڭ يېتەكچىلىك ئورنىدا چىڭ تۇرۇپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، سوتسىيالىستىك مەكتەپ باشقۇرۇش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتى(كېڭەيتىلگەن) يىغىنىدا ئاپتونوم رايوننىڭ باش تېما تەربىيەسى بويىچە مەخسۇس تۈزەش خىزمىتى تەتقىق قىلىنىپ ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى

مەخسۇس تۈزەشنى چىڭ تۇتۇش، ئەمەلىي تۇتۇش، ياخشى تۇتۇشتا بوشاشماي چىڭ تۇرۇپ، باش تېما تەربىيەسىدە ئەمەلىي نەتىجە ـ ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش كېرەك

چېن چۈەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى

مۇخبىرىمىز **ياۋ تۇڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 8 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتى(كېڭەيتىلگەن) يىغىنى ئاچتى، يىغىندا ئاپتونوم رايوننىڭ «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى بويىچە مەخسۇس تۈزەش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلات ئاڭلاپ ئۆتۈلدى، ئاپتونوم رايوننىڭ باش تېما تەربىيەسىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ياخشى قانات يايدۇرۇشى تەتقىق قىلىنىپ ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى مەخسۇس تۈزەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشكە يۈكسەك ئەھمىيەت بەردى، باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇھىم يوليورۇق بېرىپ، ئېنىق تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، قەتئىي ھالدا ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىسىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئۆزى ئۈستىدە ئىنقىلاب قىلىش روھى بىلەن مەسىلىلەرگە توغرا قاراپ، پېچاقنىڭ بىسىنى ئۆزىگە قارىتىش جاسارىتى بىلەن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، مەركەز ئورۇنلاشتۇرما قىلغان سەككىز جەھەتتىكى مەخسۇس تۈزەشنى ئەستايىدىل ياخشى تۇتۇش بىلەن بىللە، شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ شىنجاڭ خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزى ۋە مۇھىم يوليورۇقى، ئەستىقىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش جايىدا بولماسلىق، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش جايىدا بولماسلىق مەسىلىسىنى تۈزەش؛ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا نامراتلارنى يۆلەش ساھەسىدىكى چىرىكلىك ۋە ئىستىل مەسىلىسىنى تۈزەپ، سىجىل كۈچەپ، چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىپ، مەخسۇس تۈزەشنى قانات يايدۇرۇشنى باش تېما تەربىيەسىنىڭ پۈتكۈل جەريانىغا سىڭدۈرۈپ، چىڭ تۇتۇش، ئەمەلىي تۇتۇش، ياخشى تۇتۇشتا بوشاشماي چىڭ تۇرۇپ، باش تېما تەربىيەسىدە ئەمەلىي نەتىجە ـ ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش كېرەك. يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا سىياسىي يۈكسەكلىكنى ئۆستۈرۈپ، مەخسۇس تۈزەشنى مۇھىم سىياسىي ۋەزىپە قىلىشنى گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇپ، يۈكسەك سىياسىي مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى، تۆمۈردە ـ تاشقا ئىز قالدۇرغۇدەك روھ بىلەن تۈزىتىشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ياخشى تۇتۇپ، ئۆزلۈكسىز ھالدا مەخسۇس تۈزەشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش كېرەك. يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تۈزەش مەسئۇلىيىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم شۇجىسىنىڭ بىرىنچى مەسئۇلىيىتىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

[ئىلاۋە]

بۇ يىل 95 ياشقا كىرگەن پېشقەدەم پارتىيە ئەزاسى جاڭ فۇچىڭ سابىق غەربىي شىمال دالا ئارمىيەسى 359 ـ لۈسى 718 ـ تۇەنى 2 ـ يىڭى 6 ـ لىيەنىنىڭ جەڭچىسى بولۇپ، ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ يامغۇردەك يېغىۋاتقان ئوقلىرى ئارىسىدا مىڭ ئۆلۈپ بىر تىرىلىپ، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ شەرەپ بىلەن ئۈچ قېتىم 1 ـ دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتكەن، بىر قېتىم 2 ـ دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتكەن، غەربىي شىمال دالا ئارمىيەسى تەرىپىدىن «ئالاھىدە دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتكەن»، دەپ ئەنگە ئېلىنغان، ئىككى قېتىم «كۈرەش قەھرىمانى» دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشكەن. جاڭ فۇچىڭ 60 نەچچە يىلدىن بۇيان نام ـ تۆھپىسىنى چوڭقۇر يوشۇرۇپ، ئۆمۈربويى ئەسلى مەقسەتنى چىڭ ساقلاپ، خىسلىتىنى ئۆزگەرتمىگەن، ئىش ئىزلىرى كىشىنى تەسىرلەندۈردۇ. قىسىمدىكى ۋاقىتتا ئۇ يۇرتنى مۇھاپىزەت قىلىپ ۋەتەننى قوغدىغان؛ يەرلىككە بارغاندىن كېيىن، ئۇ خەلققە بەخت ياراتقان، ئۇ ئۆزىنىڭ ئاددىي ـ ساددىلىقى، ساپلىقى، نام ـ مەنپەئەت قوغلاشماسلىقى بىلەن ئېسىل كىشىلىك ھايات سەھىپىسىنى پۈتۈپ چىققان، قىسىمدىكى كەڭ كوماندىر ـ جەڭچىلەر ۋە ئارمىيەدىن چېكىنگەن ھەربىيلەرنىڭ ئۆگىنىش ئۈلگىسى. بۈگۈن، گېزىتىمىز ئالاھىدە خەۋەر بېرىپ، پېشقەدەم قەھرىماننىڭ شانلىق يىللىرىنى قايتا ئەسلەپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كەڭ پارتىيە ئەزالىرى ـ كادىرلارنى يولداش جاڭ فۇچىڭدىن ئۆگىنىشكە، قەھرىماننىڭ ئىزىدىن ئەسلى مەقسەت ـ بۇرچنى ھېس قىلىپ، ئالغا ئىلگىرىلەش كۈچىنى قوبۇل قىلىشقا رىغبەتلەندۈردۇ.

ئارىدىن 64 يىل ئۆتۈپ، پېشقەدەم قەھرىمان جاڭ فۇچىڭنىڭ «پارتىيەگە كىرىش تونۇشتۇرغۇچىسى» ئاخىر تېپىلدى ——

ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، مەڭگۈ پارتىيەگە ئەگىشىپ مېڭىش

☐ گېزىتىمىزنىڭ ئاقسۇ مۇخبىرلار پونكىتىدىن جاڭ لۇ

6 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى، خۇبېي ئۆلكىسى ئېنشى تۇجىيازۇ ـ مياۋزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى لەيفېڭ ناھىيەلىك مەركىزىي دوختۇرخانىسىنىڭ كېسەلخانىسىدا، شىنجاڭ ھەربىي رايونى مەلۇم قىزىل ئارمىيە تۇەنىنىڭ جېڭۋېي ۋاڭ يېڭتاۋ تەنتەنىلىك ھالدا بىر پارچە سارغىيىپ كەتكەن رەڭسىز سۈرەتنى «دەۋر ئۈلگىسى» جاڭ فۇچىڭنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ بەردى.

سۈرەتتىكى جاسارىتى ئۇرغۇپ تۇرغان بىر ياش ئوفىتسېر ئىدى، جاڭ فۇچىڭ سۈرەتنى تۇتقىنىچە ئۈن ـ تىنسىز تىكىلىپ تۇردى، بىر ئازدىن كېيىن كۆز چاناقلىرى نەمدىلىشكە باشلىدى. ئۇ تىترىگەن ئاۋازدا مۇنداق دېدى: «مېنىڭ ئىزچىل جىداۋيۈەن شياۋ يۈۋېينى قايتا كۆرگۈم بار ئىدى، ئۇ مېنىڭ پارتىيەگە كىرىش تونۇشتۇرغۇچىم، مەن ئۇنىڭ تەلىمىنى بىر ئۆمۈر ئۇنتۇمايمەن: مەڭگۈ پارتىيەگە ئەگىشىپ ماڭىمەن».

■ «پارتىيەگە كىرىش تونۇشتۇرغۇچىم بىلەن بىر كۆرۈشەلىسەم ياخشى بولاتتى»

بۇ يىل 5 ـ ئاينىڭ ئاخىرى، ۋاڭ يېڭتاۋ 2 ـ قېتىم لەيفېڭ ناھىيەسىگە كېلىپ جاڭ فۇچىڭنى يوقلىدى ھەم پېشقەدەم قەھرىمانغا دوكلات قىلدى:

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

قەھرىماننىڭ ئىزىدىن ئەسلى مەقسەتنى ھېس قىلىپ كۈچ ئالايلى

☐ گېزىتىمىز ئوبزورچىسى

بۇ يىل 95 ياشقا كىرگەن جاڭ فۇچىڭ ئۆرۈمچىدە ئاجايىپ تۆھپە كۆرسەتكەن سابىق غەربىي شىمال دالا ئارمىيەسى زەربىدارلار ئەترىتىنىڭ ئەزاسى، كىشىنى تەسىرلەندۈرىدىغىنى شۇكى، قەھرىمان ھەربىي سەپتىن چېكىنگەن بولسىمۇ، ئۇ 60 نەچچە يىل نام ـ تۆھپىسىنى چوڭقۇر يوشۇرۇپ، بىر جايدىكى پۇقرالار ئۈچۈن ئۈن ـ تىنسىز ئۆزىنى بېغىشلىغان، دەم ئېلىشقا چىققاندىن كېيىنمۇ يەنىلا ھەر كۈنى پارتىيەنىڭ نەزەرىيەسىنى ئۆگىنىشنى داۋاملاشتۇرغان… جاڭ فۇچىڭنىڭ ئىلغار ئىش ئىزلىرى كوممۇنىستلارنىڭ ئەسلى مەقسەتنى چىڭ ساقلاپ، خىسلىتىنى ئۆزگەرتمەسلىكتەك سىياسىي پەزىلىتىنى تولۇق نامايان قىلدى. باش شۇجى شى جىنپىڭ يولداش جاڭ فۇچىڭنىڭ ئىلغار ئىش ئىزلىرى توغرىسىدا مۇھىم يوليورۇق بېرىپ: ئۆزىنى بېغىشلاش روھىنى پايال ئەۋج ئالدۇرۇپ، ھەممە بىر نىيەتتە كۈرەش قىلىدىغان يېڭى دەۋرنىڭ قۇدرەتلىك كۈچىنى مۇجەسسەملەش كېرەك، دەپ تەكىتلىدى.

شىنجاڭ جاڭ فۇچىڭ ئىلگىرى جەڭ قىلغان جاي. ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ يامغۇردەك يېغىۋاتقان ئوقلىرى ئارىسىدا، ئۇ قىسىمغا ئەگىشىپ شىنجاڭغا كىرگەن، سابىق غەربىي شىمال دالا ئارمىيەسى 359 ـ لۈسى 718 ـ تۇەنىنىڭ پېشقەدەم ئەسكىرى بولۇپ، غەربىي شىمال دالا ئارمىيەسى تەرىپىدىن «ئالاھىدە دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتكەن»، دەپ ئەنگە ئېلىنغان،

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە
—— يېڭى دەۋر، يېڭى نەتىجە، يېڭى سەھىپە

ساغلاملىق كۆتۈنۈش كەسپ كۆلىمىنى كېڭەيتىش

سانجى ئوبلاستى ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ يېڭى موتورىنى بەرپا قىلدى

مۇخبىرىمىز **گې يۈجۈن**، سانجى مۇخبىرلار پونكىتىدىن **لىۇ چيەن** خەۋەر قىلىدۇ: 8 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، 2019 جۇڭگو ساغلاملىق كۆتۈنۈش كەسپى (شىنجاڭ) تەرەققىياتى يىغىنىنىڭ تور تونۇشتۇرۇش يىغىنى بېيجىڭدىكى شىنجاڭ سارىيىدا ئۆتكۈزۈلدى. تونۇشتۇرۇش يىغىنىدا، سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى دەم ئېلىپ داۋالىنىش بويىچە ساقلىقنى ساقلاش، ساغلاملىق كۆتۈنۈش، ساياھەت ئىستىراھىتى، داۋالاش مۇلازىمىتى، يېشىل يېزا ئىگىلىكى، مەدەنىيەت ئىجادىيىتى، پەن ـ تېخنىكا ئۇچۇرى قاتارلىق يەتتە چوڭ تۈردىكى 160 سودىگەر چاقىرىش تۈرىنى مەركەزلىك ئېلان قىلدى، پىلانلانغان ئومۇمىي مەبلەغ 101 مىليارد 948 مىليون يۈەن بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە گۈچۈڭ ناھىيەسىنىڭ ئېكولوگىيەلىك داۋالىنىش، ياشانغانلارنى كۈتۈش، سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، كۆتۈنۈش باغچىسى تۈرى، ماناس ۋەنخې قىزىل ھاراق قورۇقى تەرەققىيات تۈرى، جىمسار ناھىيەسىنىڭ چۈەنزىجېي ساياھەت مەنزىرە رايونىنى ئېچىش ـ قۇرۇش تۈرى، فۇكاڭ شەھىرىنىڭ تيانشان دېڭىز ـ ئوكيان سۇ دۇنياسى تۈرى قاتارلىق كۆپلىگەن مەبلەغ سېلىش تۈرلىرىدە نەق مەيداندا ھەمكارلىق كېلىشىمى ۋە مۇددىئانامە ئىمزالاندى، ئومۇمىي سېلىنما سوممىسى 2 مىليارد 120 مىليون يۈەنگە يەتتى.

2016 ـ يىلى 6 ـ ئايدا، ئاپتونوم رايون سانجى شەھىرى، نىلقا ناھىيەسى، ئۈرۈمچى ناھىيەسى، گۈچۈڭ ناھىيەسى، تېكەس ناھىيەسىنى شىنجاڭ بويىچە تۇنجى تۈركۈمدىكى ساغلاملىق كۆتۈنۈش ساياھىتىنى ئالدىن يولغا قويۇش، ئالدىن سىناق قىلىش رايونى قىلىپ بېكىتتى. سانجى ئوبلاستى پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ساغلاملىق كۆتۈنۈش كەسپىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، «سانجىنىڭ ساغلاملىق كۆتۈنۈش مەدەنىيلىك جاي داڭلىق ماركىسىنى يارىتىش» ئىستراتېگىيەسىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇپ، «سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ ساغلاملىق كۆتۈنۈش كەسپىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش يولغا قويۇش پىكرى» ھەم مۇناسىۋەتلىك سىياسەتلەرنى ئېلان قىلدى. ئۈچ يىلدىن بۇيان، سانجى ئوبلاستى كۆتۈنۈش، كۆڭۈل ئېچىش،

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى دائىمىي يىغىن ئۆتكۈزدى

مۇخبىرىمىز **يۈەن لېي** خەۋەر قىلىدۇ: 8 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ دائىمىي يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئاچتى، يىغىندا شىنجاڭنىڭ دۆلەت زېمىن بوشلۇقى يىرىك پىلانىنى تۈزۈش خىزمىتىنى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلات ئاڭلاپ ئۆتۈلدى، ئاپتونوم رايوننىڭ يول، يۈك تىرانسپورت كەسپ ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، قانۇن بويىچە مەمۇرىيەت يۈرگۈزۈشنى يەنىمۇ كۈچەيتىش قاتارلىق خىزمەتلەر تەتقىق قىلىندى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: دۆلەت زېمىن بوشلۇقى يىرىك پىلانىنى تۈزۈش خىزمىتىنى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ دۆلەت زېمىن بوشلۇقى يىرىك پىلان سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇش ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشكە، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا نىسبەتەن مۇھىم تۈرتكىلىك رولغا ئىگە. ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ «1+3+3+ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش» خىزمەت ئورۇنلاشتۇرمىسى بويىچە، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات تەلىپى بويىچە، يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، كۆڭۈل قويۇپ تەشكىللەپ، بىرتۇتاش پىلانلاپ، ماسلاشتۇرۇپ،

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

سەلتەنەتلىك 70 يىل كۆرەشچان يېڭى دەۋر
تەرەققىيات مۆۋەپپەقىيەتلىرى توغرىسىدا زىيارەت

ئاپتوموبىل سىنىقى ئىگىلىكى

تۇرپانغا تەرەققىيات يېڭى ھەرىكەت ئېنېرگىيەسى قوشتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرى **جىن چۈەن، ۋاڭ شىڭرۇي، جاڭ رۇيلىن، چېن يۆۋېن** خەۋەر قىلىدۇ: تومۇز ئىسسىقتا، تۇرپان شەھىرىگە كەلگەن ساياھەتچىلەر ئۆزگىچە بىر مەنزىرىنى بايقايدۇ —— كوچىلاردا تولۇق چۈمكىۋېتىلگەن ھەم نومۇر تاختىسى ئاسمىغان ئاپتوموبىللارنى دائىم كۆرگىلى بولىدۇ. ئەھۋالدىن خەۋەردار كىشىنىڭ مۇخبىرغا ئېيتىشىچە، بۇلارنىڭ ھەممىسى پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەرقايسى چوڭ ئاپتوموبىل زاۋۇتلىرى سىناق قىلىشقا ئەكەلگەن ئاپتوموبىللار ئىكەن. بۇنداق سىرلىق «ياساندۇرۇش»تىكى سەۋەب، بۇ ئاپتوموبىللارنىڭ ھەممىسى تېخى بازارغا سېلىنمىغان بولغاچقا، مەخپىيەتلىكنى ساقلاش خىزمىتى ياخشى ئىشلەنمىسە، مەخپىيەتلىك مۇددەتتىن بۇرۇن «ئاشكارىلىنىپ» كېتىشى مۇمكىن ئىكەن.

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

شىنجاڭ گېزىتخانىسى يېڭى تاراتقۇلىرى سېپى
新疆头条 APP 微信公众号 新疆日报网 天山网 APP

جەلپكار قاراجون

ساياھەتچىلەر قاراجون يايلىقىدا سەيلە قىلماقتا(8 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى تارتىلغان). قاراجون يايلىقى شىنجاڭنىڭ ئىلى دەرياسى ۋادىسىدىكى تېكەس ناھىيەسى چېگراسى ئىچىگە جايلاشقان، چوقچىيىپ تۇرغان تاغ چوققىلىرى تۇتىشىپ كەتكەن بولۇپ، سىزىقلىرى گۈزەل، قاتلاملىرى ئېنىق، خۇددى بىر پارچە ھەيۋەتلىك تەبىئىي يۆگمە رەسىمگە ئوخشايدۇ.

☐ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى خۇ خۇخۇ فوتوسى